# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 - بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەۋقەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ، قەلبىگە «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى پۈكۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلپى بويىچە، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ تۈزەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ياخشى روھىي ھالەت ۋە خىزمەت ھالىتىنى ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغدايدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پۇختا ئورۇندىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئىدارە قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دائىملاشقان باشقۇرۇش بىلەن جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش ھەرىكەتچان جىپسىلاشقان ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش - مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرىدىغان، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ مۇلازىمەت قىلىدىغان، ئۇچۇرلاشتۇرۇش تىرەك بولىدىغان، ئورتاق، ھەممەيلەن بولغان ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر، يېزا، مەھەللە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ئامما ئەندىشە قىلىۋاتقان، باش قاتۇرۇۋاتقان، غەم قىلىۋاتقان ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى سىجىل يېنىكلىتىش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك كېڭەش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئومۇمىي بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىن مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، 2021 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا قەتئىي، پۇختا تۈرتكە بولۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كۆزىتىشتىن قارىغاندا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشى كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەن، سىياسىي ئېكولوگىيە سىجىل ياخشىلانغان، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن، لېكىن يەنىلا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، كۆزىتىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈزىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت، بېسىمنى قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈپ، پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، شۇجىنىڭ بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى پۇختا ئىشلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆزىتىش پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى، پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى بىۋاسىتە تۇتقا. كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ سىياسىي ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىنى قوغداش» تۈپ ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، كۈچەپ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، «14 - بەش يىل»دىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئالغا سىلجىتىپ، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتنى كۆزلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلارنى، بولۇپمۇ «بىرىنچى قول»نى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا بايقاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىستېما قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈشتە يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، باشقا نازارەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كۆزىتىشنىڭ ئۇنىۋېرسال نازارەت قىلىش رولى ۋە ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى ۋاستىلىك ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۆزىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ دەل جايىدا، ئىلمىي، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ زۇڭتۇڭ موراليېس ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى قويۇق بولدى، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى تېز كېڭەيدى، كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردا ھەمكارلىشىشى ياخشى بولدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پارتلاش خاراكتېرلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ كۆپ خىل يول ئارقىلىق بولىۋىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ بولىۋىيە تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، بولىۋىيەنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق چامىنىڭ يېتىشىچە قوللاشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر بولىۋىيە تەرەپنى ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھ دەپ بىلىدۇ، جۇڭگو - بولىۋىيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ بولىۋىيە تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بولىۋىيە خەلقىنىڭ «گۈزەل تۇرمۇش» كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنى قوللايدۇ، بولىۋىيە تەرەپ بىلەن سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ئۆرنەك ئېلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆز ئارا قوللاشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ھەمكارلىقنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىپ، يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. بولىۋىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق سۇپىلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك، خاس مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز. جۇڭگو تەرەپ ئىككى تەرەپ كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە يەرلىك ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشىنى قوللايدۇ. ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكىلار ئىچىدىكى ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئورتاق قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو - بولىۋىيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئارسې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بولىۋىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى مۇستەھكەم. بولىۋىيە تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان قېرىنداشلارچە دوستلۇق مېھرىنى قەدىرلەيدۇ، بولىۋىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە قويۇقلاشتۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ بولىۋىيە تەرەپنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا قىممەتلىك مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ياردىمىگە داۋاملىق ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بولىۋىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بولىۋىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنى خالايدۇ. بولىۋىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن پائال تۈردە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، مەن سىزدىن ھال سورايمەن، سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن مېكسىكا ئىككى دۆلەت ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇردى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى مېكسىكا ھۆكۈمىتى ۋە مېكسىكا خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ، زۇڭتۇڭ ئەپەندى ۋە مېكسىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مېكسىكا تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم بالدۇرراق غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سۇرىنام زۇڭتۇڭى سانتوكىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سانتوكىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى سەۋەبلىك ھال سورىدى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى ھەم جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن سۇرىنام ھۆكۈمىتى ۋە سۇرىنام خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سۇرىنام خەلقىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى  يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

### ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق تارماقلىرى ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، بولۇپمۇ 2020 - يىلى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پايدىسىز تەسىرى ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق سىستېمىسىدىكىلەر «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشتى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قەتئىي تۈردە ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يادرو قىلغان بەش دەرىجىلىك ئورمان باشلىقى مەسئۇلىيەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئورمان، ئوتلاق ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى پۇختا تۇتۇپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكا تىرەكى سالمىقىنى زورايتىپ، ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ «14 - بەش يىللىق» يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، مەملىكەتلىك شىنجاڭغا ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئارقىلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنى ياخشى ئېچىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاققىچە پۇختا تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

### ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## 2021 - يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق مالىيە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مالىيە تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ 2021 - يىلدىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى غەيرەت ۋە ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە كاپالىتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەرز خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ كىرىمنى تەشكىللەش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە چىقىمىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؛ يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس زايومىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك؛ مالىيەنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مالىيە - باج تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋى مالىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك؛ سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيە خىزمىتىدىكى ئىقتىدار ۋە سەۋىيەنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش نىشان ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، 2021 - يىللىق تۈرلۈك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇندىشى كېرەك.

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتى ۋىۋىسكا ئېسىپ قۇرۇلدى

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **فەن خۇڭبى** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتىغا ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات يۇرتى، دىن تەتقىقات يۇرتىنى قۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

تيەن ۋېن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى ۋە دىن تەتقىقات ئورنى ئاساسىدا تارىخ تەتقىقات يۇرتى ۋە دىن تەتقىقات يۇرتى قۇرۇش قارارىنى چىقارغانلىقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە دىن تەتقىقاتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىخ تەتقىقات يۇرتى ۋە دىن تەتقىقات يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىدا جەزمەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مېتودولوگىيە ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى ئاڭلىق قوللىنىپ تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، قوللىنىش يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەۋرنىڭ سوئاللىرىنى ياخشى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاب بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە دائىر چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەدبىر بەلگىلەش، مەسلىھەت بېرىش بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشتا ئالدىن يولغا قويۇپ، ئالدىن سىناپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىپ، قەدىمكىنى بىلىپ ھازىرقىغا ئۆرنەك قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر باش ئېقىمىدا تۇرۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، ئىدىيە ساداسىنى ئالدىن ياڭرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇن خۇڭمېي ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.